پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

# سانجى شەھىرى: «تۆت كىچىك مۇلازىمەت» ئارقىلىق «خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش»قا تۈرتكە بولۇشتا ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلدى

—— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدا يۈرۈشلۈك خەۋەر

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**
**دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش**

□ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز جۇ لىجۈن، چېن خۈي

2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، سانجى شەھىرى دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، «8+2» مەخسۇس تۈزەشنى ياخشى تۇتۇش، «3+3+1» ئەمەلىي ئىشنى ياخشى قىلىشنى چۆرىدەپ، كىچىك تىزىملىككە ياخشى خاتىرىلەش، ئاممىنى كىچىك قولايلىقلار بىلەن تەمىنلەش، كىچىك ئىشلارنى ياخشى قىلىش، كىچىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مۇھىم مەزمۇن قىلغان «تۆت كىچىك مۇلازىمەت» پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، «كىچىك مۇلازىمەت» ئارقىلىق ئاممىنىڭ «چوڭ خەلق تۇرمۇشى»غا مۇلازىمەت قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئەڭ جىددىي، ئەڭ ئەندىشە قىلىۋاتقان، ئەڭ تەقەززا بولۇۋاتقان تەخىرسىز مەسىلىلىرىنى ھەل قىلدى.

11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، سانجى شەھەرلىك باغچە باشقۇرۇش مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ كادىرى دۇڭ بىنشىڭ سانجى شەھىرى جۇڭشەن يولى كوچىسى مياۋپۇ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ما لىپىڭنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، قوشماقلاشقان تۇغقىنى ما لىپىڭنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ۋە تۇرمۇشىدىكى كونكرېت قىيىنچىلىقلىرىنى سورىدى.

ما لىپىڭنىڭ يۇقىرى قان بېسىمى، زىققا، يۈرەك كېسىلى قاتارلىق كۆپ خىل كېسىلى بار بولۇپ، دۇڭ بىنشىڭ ما لىپىڭ ئائىلىسىنىڭ چوڭ - كىچىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى «قەلبداشلىق تىزىملىكى»گە خاتىرىلىدى. ما لىپىڭ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «دۇڭ بىنشىڭ مېنىڭ بىر تۇغقان ئاكا - ئۇكىلىرىمدىنمۇ يېقىن، ئائىلەمنىڭ ئەھۋالىنى ئىنتايىن ياخشى بىلىدۇ. قىيىنچىلىققا يولۇقسام، كېلىپ ماڭا ياردەم بېرىدۇ. مېنىڭ زىققا كېسىلىم قوزغىلىپ قالغاندا، ئۇ مېنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى ھەم ھالىمدىن خەۋەر ئالدى. ئۇنىڭ خوتۇنىمۇ دائىم ئۆيۈمگە كېلىپ ماڭا تاماق ئېتىشىپ بېرىدۇ، ئۆيۈمنى يىغىشتۇرۇشۇپ بېرىدۇ، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ قالدۇق».

باش تېما تەربىيەسىدە، سانجى شەھىرى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنىڭ تۈزۈملىشىشى، دائىملىشىشى، ئۇزاق ئۈنۈملۈك بولۇشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، شەكىل، ۋاستىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ، «تۇغقانلارنى يوقلاپ قەلبلەرنى تۇتاشتۇرۇش» قاتارلىق پائالىيەتلەرنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، «قەلبداشلىق تىزىملىكى»نى ياخشى خاتىرىلەپ، ئاھالىلەرنىڭ چوڭ - كىچىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىلىش، قىيىن ئىشلىرى، خۇشاللىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلەشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ «خەلق ئەھۋالى كۈندىلىك خاتىرىسى»نى ياخشى يېزىپ، دېھقان ئائىلىلىرى ۋە ئاھالىلەرنىڭ قىيىنچىلىقى، دەۋا تەلەپىنى يىغدى، رەتلىدى؛ «مەسىلە تىزىملىكى»نى ياخشى خاتىرىلەپ، بىر ئائىلىگە بىر كارتا، بىر ئائىلىگە بىر تىزىملىك تۇرغۇزدى. ھازىرغا قەدەر، سانجى شەھىرى جەمئىي 100 مىڭدىن ئارتۇق «قەلبداشلىق تىزىملىكى»، 7600دىن ئارتۇق «خەلق ئەھۋالى كۈندىلىك خاتىرىسى» تۇرغۇزدى.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، سانجى شەھىرى نىڭبيەن يولى كوچا باشقارمىسى نىڭخې مەھەللىسىنىڭ كادىرى «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاۋانگارتلار ھەرىكىتى، قەلبلەرنى ئىللىتىش، ئۇۋا سېلىپ مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش» قەلبداشلىق كارتىسىنى ئېلىپ، مەھەللە ئاھالىسى ليۇ فېڭيۈننىڭ ئۆيىگە كەلدى. ياشىنىپ قالغان، باللىرى يېنىدا تۇرمايدىغان ليۇ فېڭيۈن ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى قەلبداشلىق كارتىسىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، كۆڭلى ناھايىتى ئىللىدى.

باش تېما تەربىيەسىدە، سانجى شەھىرى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە خەلققە قولاي قەلبداشلىق كارتىسى تەسىس قىلىپ، ئاممىغا كىچىك قولايلىقلارنى يارىتىپ بەردى. بىر پارچە كارتىغا مەھەللىنىڭ ئادرېسى، ئىشخانىنىڭ تېلېفون نومۇرى، QQ توپى، ئۈندىدار ئاممىۋى نومۇرى ھەمدە كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم ئىشلىتىلىدىغان مۈلۈك باشقۇرۇش، پار، سۇ، توك بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق مۇلازىمەت تېلېفون نومۇرلىرى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ھازىرغا قەدەر، سانجى شەھىرىدىكى 70 مەھەللە جەمئىي 50 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق قەلبداشلىق كارتىسى تارقاتتى، تۈرلۈك مۇلازىمەت سۇپىسىدىن 125نى قۇردى.

كىچىك ئىشلارنى ياخشى قىلىش جەھەتتە، سانجى شەھىرى ھەرقايسى كوچا، مەھەللىلەردە خەلققە قولايلىق مۇلازىمەت زالى تەسىس قىلىپ، كەسپىي ئىقتىدارى كۈچلۈك، تۈرلۈك خىزمەت تەرتىپلىرىگە پىششىق زاپاس كادىرلارنى تاللاپ «ھەممە ئىش ئورۇنلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈگۈن» قىلىپ، «بىر بېكەت شەكلى»دىكى خەلققە نەپ يەتكۈزۈش مۇلازىمەت خىزمىتىنى پۈتۈن مەزگىللىك قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇردى.

كىچىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە، سانجى شەھىرى باش تېما تەربىيەسى بىلەن خىزمەت ئەمەلىيىتىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، «كوچا تالون ئەۋەتىش، تارماقلار تالوننى تاپشۇرۇۋېلىش» خىزمەت مېخانىزمىنى ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تۇتقا قىلىپ، ئاممىا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ۋە سۇ، توك، پار قاتارلىق مەسىلىلەرنى تۈزەش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، تەدبىرنى، مەسئۇل كىشىنى ۋە تاماملاش قەرەلىنى ئايدىڭلاشتۇردى. باسقۇچ خاراكتېرلىك تاماملاش ئەھۋالىنى قەرەلسىز تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئاممىنىڭ باھاسى ئارقىلىق باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى تەكشۈردى.

سانجى شەھەرلىك باش تېما تەربىيەسى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ما جەنلياڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: سانجى شەھىرى ھەربىر كوچىغا تۆت نەپەر شەھەر باشقۇرۇش، بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ كادىرىنى ئەۋەتىپ، مۇھىت ئاسراش، تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى، سەھىيە - ساغلاملىق، مائارىپ قاتارلىق تارماقلاردىن بىردىن ئۈچكىچە كادىرنى تاللاپ مەخسۇس خادىم سۈپىتىدە نۇقتىنى ھۆددىگە ئېلىشقا، كوچا بىلەن ئالاقىلىشىشكە ئەۋەتىپ، كوچا، تارماقلار ئاھالىلەرنىڭ دەۋا تەلەپىنى بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ھەل قىلىدىغان يېڭى يول ئېچىپ، «توردا تالون ئەۋەتىپ مەسىلىلەرنى بايقاش، تور سىرتىدا تالون تاپشۇرۇۋېلىپ خەلقنى غەمدىن خالاس قىلىش»تەك مۇلازىمەت مېخانىزمىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئامما يولۇققان ئەندىشە قىلىۋاتقان ئىشلار، باش قاتۇرۇۋاتقان ئىشلار، غەم قىلىۋاتقان ئىشلارنى بېجىرىدىغان ئادەم بولۇش، دەرھال بېجىرىش، ياخشى بېجىرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى، ھازىرغىچە جەمئىي 1002 تالون ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ 974ى بېجىرىلدى.

# «ھازىر تۈزىتىش» بىلەن «ئۇزاقىچە تۇرغۇزۇش»نى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، سىجىل تۈزەپ، «جاھىل كېسەل»نى كۆچەپ تۈگىتىش

(بېشى 1 - بەتتە)

**■ «ھۆججەتنى ئىخچاملاش، يىغىننى ئازايتىش» ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشكە ئېنېرگىيە قوشتى**

«ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، مەن شۇنى ئېنىق ھېس قىلدىمكى، ئورۇنسىز ئېچىلىدىغان يىغىنلار تۆگىدى، تارقىتىلىدىغان ھۆججەتلەرمۇ ئازايدى، بىرىنچى سەپتە تۇرىدىغان ۋاقىت كۆپەيدى، پۇقرالار بىزنىڭ خىزمىتىمىزدىن تېخىمۇ رازى بولدى» دېدى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بۇرچىن ناھىيەسى دولايتى يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىسى لۇ باۋچى ھاياجانلانغان ھالدا.

باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون تۆگمەس ھۆججەت ۋە ئۈزۈلمەس يىغىننى كۆچەپ تۈزىتىپ، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ھۆججەت تارقىتىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، يىغىننى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى قاتتىق ئىجرا قىلىش تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقتى، نىشاننى مىقدارلاشتۇرۇش تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، ھەرىكەت ھالىتىدە ئەگەشىپ ئىلگىرىلىدى. ئۆتكەلنى چىڭ، جىددىي، ياخشى ئىگىلەپ، سانىنى زور دەرىجىدە ئىخچاملاپ، سۈپەت - ئۈنۈمنى ئۆستۈردى.

«7 - ئايدىن باشلاپ، بىز ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق تارماقلارنىڭ ھۆججەت، يىغىنلىرىنى ھەر ئايدا ئېنىقلاپ، مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، تۈزىتىشكە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئەسكەرتىپ، ئىخچاملاش نىشانىنى جايىدا ئىجرا قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى شيې لى مۇنداق دېدى: شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ خىزمەتكە بولغان يېتەكچىلىك كۈچەيتىلىپ، شەكلى ئۆزگەرگەن ھۆججەت تارقىتىش، تۆۋەندىن خالىغانچە سانلىق مەلۇمات، ماتېرىيال تەلەپ قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار تۈزىتىلدى. بۇ يىل 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ دەرىجىلىك تۈزۈپ تارقىتىلغان نۇقتىلىق ئىخچاملانغان تۈردىكى ھۆججەتلىرى، ئېچىلغان يىغىنلىرى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 45.4% ۋە 48.3% ئازلىدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ شۇ دەرىجىلىك جەمئىي تۈزۈپ تارقاتقان ھۆججەتلىرى، ئاچقان يىغىنلىرى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم ھالدا 51.8% ۋە 51.4% ئازلىدى.

شەكلىۋازلىق ئارقىلىق شەكلىۋازلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى خاراكتېرلىك، ئېغىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى قەتئىي توسۇش ئۈچۈن، ئاساسىي قاتلامدىن جەدۋەل تولدۇرۇش، سۈرەتكە تارتىپ ئىز قالدۇرۇشنى زىيادە، خالىغانچە تەلەپ قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ۋاقتىدا تۈزىتىلدى. ئالتاي ۋىلايىتى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنى پۇرسەت بىلىپ، يۈكنى يېنىكلىتىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ھۆججەت، يىغىننى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئورنىتىپ، ھۆججەت تارقىتىش، يىغىن قېتىم سانى ۋە كۆلىمىنى قاتتىق كونترول قىلدى. بۇ يىل 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە، ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ شۇ دەرىجىلىك تۈزۈپ تارقاتقان تۈرلۈك ھۆججەتلىرى، ئاچقان يىغىنلىرى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 52.1% ۋە 61.3% ئازىيىپ، تىرىشىپ كادىرلار «باغلاقتىن بوشىتىلدى».

**■ ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش ئىشلىرىنى ئىخچاملاش، قىسقارتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش**

باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايون شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى تۈزەشنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كۆزىتىش ۋە ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ تەكشۈرۈشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا كىرگۈزۈپ، تولۇق قاپلىغان تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش نىشان - ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرمەسلىك، ھۆججەت چىقىرىشتا شەكىلنىلا ئۆزگەرتىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش زىيادە كۆپ بولۇش، زىيادە تەكرار بولۇش، زىيادە ئىز قالدۇرۇش قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، تۈزۈمنىڭ ھەر ۋاقىت ھەيۋىسى بولۇشى، ھەممە يەردە ئۈنۈمى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش زىيادە كۆپ بولۇش، زىيادە تەكرار بولۇش، زىيادە ئىز قالدۇرۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىز ئىشتىن بۇرۇن مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇش، ئىشتىن كېيىن دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ھەرقايسى تارماقلار ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، كەم دېگەندىمۇ بىر ھەپتە ئىلگىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭىغا كونكرېت لايىھەنى دوكلات قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇپ، خىزمەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاشنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى يوللاپ، بىر قېتىم نازارەت قىلىش ئارقىلىقلا بولدى قىلىشتىن ساقلاندۇق» دېدى شيې لى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش تۈرلىرىنىڭ باشلامچى ئورۇنلىرى بىلەن ئۇدۇللىشىش، ئالاقىلىشىشنى كۈچەيتىپ، توپلىۋېلىپ قانات يايدۇرۇشتىن ساقلاندى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ئىككى دەرىجە بويىچە پىلان سىرتىدىكى ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش ئىشلىرىدىن 50 نەچچە تۈر توختىتىپ قويۇلدى.

بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى بايىنغولىن ئوبلاستىنىڭ 2019 - يىللىق 16 تۈرلۈك ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش يىللىق پىلانى ۋە ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ 2019 - يىللىق ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش يىللىق پىلانىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، يىللىق پىلانغا كىرگۈزۈلمىگەن ئىشلارنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاش خىزمىتىنى تەستىقلاش، دوكلات قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇش تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش نامىدا ھەيدەكچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش، باھالاشنى قەتئىي چەكلىدى.

قۇمۇل شەھەرلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى يىللىق پىلانغا كىرگۈزۈلمىگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ھەم تەكشۈرۈش ئۇسۇلى، تەكشۈرۈش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، «ئىككىنى ئىختىيارىي تاللاش، بىرنى ئاشكارىلاش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىختىيارىي تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، راستچىل - ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، توپلىۋالماسلىق، تەكرارلىماسلىققا ئەھمىيەت بەردى. قۇمۇل شەھەرلىك تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شياۋ يۈجۈ مۇنداق دېدى: «خىزمەت تەدبىرلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئىنچىكىلەشتۈرۈش ئارقىلىق، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە ساقلانغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، يۈكنى ھەقىقىي يېنىكلىتىش، ھەقىقىي يۈكنى يېنىكلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك».

**■ كۆپ خىل تەدبىر ئارقىلىق ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش**

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئونسۇ ناھىيەلىك مەمۇرىي مۇلازىمەت مەركىزى چوڭ زالىدا، كۆچمەس مۈلۈك كۆزنىكىدە ئىش بېجىرىۋاتقان ئونسۇ ناھىيەسى خۇڭدا نېمەكش ئۆي ۋاستىچىلىك شىركىتىنىڭ ئىش بېجىرگۈچىسى نۇرجامال مۇتەللىپ مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى ئەڭ ئاز دېگەندە 15 كۈندە ئاندىن باھالاش دوكلاتى چىقاتتى، ھازىر ئالاقىدار ئىشلار بىرىكتۈرۈلدى، ماتېرىياللار تولۇق بولسا ئون مىنۇتتىلا بېجىرىپ بولغىلى بولىدۇ، بىر چۈشتىن بۇرۇندىلا، مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى يۆتكەيدىغان بارلىق رەسمىيەتلەر بېجىرىلىپ بولدى، بەكلا قولايلاشتى».

باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «تارماقلار ئاساسىي قاتلامنى چۆرىدەپ ئايلىنىش» تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتىغا تۈرتكە بولۇپ، «مۇلازىمەت ئاممىنى چۆرىدەپ ئايلىنىش» تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىدە قولايلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش ۋە مۇلازىمەت دائىرىسىنى ئاساسىي قاتلامغا ئۇزارتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، مۇلازىمەت بىلەن باشقۇرۇشقا بىر يۆنىلىشتە كۈچەپ، سانلىق مەلۇماتنى كۆپ قاتراتتى، ئاممىنى ئاز قاتراتتى.

ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مۇلازىمەت مەركىزى باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ كارخانا قۇرۇشتا كۆپ تارماقلارغا قاتراپ كۆپ خىل رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە ئېھتىياجلىق بولۇشتەك قىيىن مەسىلىسىگە قارىتا، ۋىلايەتنىڭ «ئالاقە تورى+» ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۇپىسىغا تايىنىپ، «كارخانا قۇرۇش»تىكى يۈرۈشلۈك مۇلازىمەتنى يولغا قويۇپ، كارخانا قۇرۇشتا بازارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، باج قاتارلىق تارماقلارغا چېتىشلىق ئالاقىدار كەسپىي ماتېرىياللاردىن ئورتاق بەھرىلىنىش، بىرلەشتۈرۈپ بېجىرىش، بېجىرىش ھالقىلىرىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى يېپىق ھالقىلىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى ھەم ياردەملىشىپ بېجىرىش، ۋاكالىتەن بېجىرىش، تامغا بېسىش ئارقىلىق ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ بېرىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر ئارقىلىق، كارخانا قۇرۇشنى ئەڭ قىسقا بولغاندا 0.5 خىزمەت كۈنىدە بېجىرىپ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

«كادىرلار جەدۋەل تولدۇرۇشتىن باش كۆتۈرەلمەسلىك»تەك قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون «ئاساسىي قاتلامدا بىر جەدۋەل بولۇش» ئىسلاھاتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئورۇنسىز تەكرار جەدۋەل تولدۇرۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، زېھنى ۋە كۈچىنى مۇقىملىقنى تۇتۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە مەركەزلەشتۈردى.

باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى «ئاساسىي قاتلامدا بىر جەدۋەل بولۇش» ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جەدۋەلنى قىسقارتىپ، ئىخچاملاپ، «بىر تۈرلۈك خىزمەتتە بىر جەدۋەل بولۇش» «ئوخشاش تۈردىكى سانلىق مەلۇماتنى بىر قېتىم ئىستاتىستىكىلاش»نى ئىشقا ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېنىقلاش، بىرىكتۈرۈش بىلەن قېلىپلاشتۇرۇشنى تەڭ يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەنبەدىن كونترول قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىجازىتى، سىناپ تەكشۈرۈش - باھالاش، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە قائىدە - تۈزۈم ئورنىتىپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، ئاساسىي قاتلامنى باغلاقتىن بوشىتىپ، يۈكنى يېنىكلىتىپ، ئاساسىي قاتلام جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، كادىرلار ئىستىلىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يەنفاڭ، شيا چىڭ، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن رېن خۇڭفاڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ما شياۋفاڭ، ليۇ ۋېنخۇا، چېن لۈبىن، خۇ جۈنشيۇ، ياڭ شىنلياڭ يازغان)**